# 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى



ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## دېھقان كەشپىياتچى يۇرتداشلارنى باشلاپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلاندى

### ـــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئابدۇسالام ياسىن توغرىسىدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

«مەن پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ئاددىي دېھقان، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ماڭا ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ياخشى تۇرمۇش ئاتا قىلدى، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن پەن - تېخنىكىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى بېيىشقا يېتەكلەيمەن» دېدى 2020 - يىللىق مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، مارالبېشى ناھىيەسى سېرىقبۇيا بازىرى بەشتۇپ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇسالام ياسىن 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ھاياجانلانغان ھالدا.

مانا مۇشۇنداق بىر ئاددىي دېھقان ئاكتىپلىق بىلەن پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆز ئالدىغا يېڭى مەھسۇلاتلارنى كەشىپ قىلىپ، قىسقىغىنا ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىپ، 150كە يېقىن كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يىراق - يېقىنغا داڭلىق ياش بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندى.

### دېھقاندىن كەشپىياتچىغا ئايلىنىش

سېرىقبۇيا بازىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قوغۇن - تاۋۇز تېرىشنى ئاساس قىلىدىغان جايلارنىڭ بىرى. «قوغۇن - تاۋۇز تېرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىلگىرى پۈتۈنلەي قولدا مەشغۇلات قىلىشقا تايىناتتۇق، ۋاقىت، كۈچ كۆپ سەرپ بولاتتى، ئەمگەك سىجىللىقى زور ئىدى» دېدى ئابدۇسالام.

2017 - يىلى 2 - ئايدا، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنتتە ياش دېھقان پەن - تېخنىكا ماھىرلىرى ۋە بېيىش باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئابدۇسالام تۇنجى تۈركۈمدىكى ياش پەن - تېخنىكا ھەۋەسكارلىرى گۇرۇپپىسىغا تىزىملىتىپ قاتناشتى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ قوللىشى، ياردىمىدە ئابدۇسالام قوغۇن - تاۋۇز تېرىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا باشلىدى. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، 2018 - يىلى ئابدۇسالام ھەربىر ئۈسكۈنىدە ھەر كۈنى 100 مودىن 200 موغىچە قوغۇن - تاۋۇز تېرىغىلى بولىدىغان يېڭى ئۈسكۈنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، ئۈسكۈنىلەر شۇ جايدا ۋە ئەتراپتىكى بىرنەچچە ناھىيەدە ناھايىتى بازار تاپتى.

ئابدۇسالام يەنە دوۋيىن قاتارلىق ئالاقە تورى سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ تونۇشتۇرۇپ سېتىشنى ئۆگىنىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى خېرىدارلار ھەمدە ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى خېرىدارلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك جەلپ قىلىپ، قىسقىغىنا ئىككى يىلدا قوغۇن - تاۋۇز تېرىش ئۈسكۈنىسىدىن 163نى سېتىپ، مۇشۇ بىر كەشپىياتتىنلا 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالدى.

ھازىر ئابدۇسالام كەنتتىن چىقىپ، سېرىقبۇيا بازىرىدىكى بازاردا 1700 كىۋادرات مېتىرلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ياساش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 دېھقاننى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى، ھەربىر كىشىگە ئايدا 2000 يۈەندىن 4000 يۈەنگىچە مائاش بەردى.

### كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئىگىلىك تىكلەش يولىدا مېڭىش

بەشتۇپ كەنتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 1.85 مو بولۇپ، ئوتتۇرىچە كىرىم تۆۋەن ئىدى. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، ئابدۇسالام ئىزچىل بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلاپ كەلدى.

ئابدۇسالام كەنتتە ئېچىلغان دېھقانلار كەچلىك مەكتىپى ۋە پۈتۈن كەنت يىغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ۋەزىيەتكە قاراپ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، كېرەم ئابدۇۋەلى كالىنى ھاۋاللىك بېقىش ئورنى ۋە قېتىق پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، ناسىر ھوشۇر ئاشخانا ئاچتى، مامۇت ھۈسىين قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۇكىنى ئاچتى، ئەمەت ئابدۇرېھىم ھەسەل ھەرىسى بېقىش مەيدانى قۇردى…

بەلگىلىك ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىسى بولغاچقا، ئابدۇسالام ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە ھەقسىز يېتەكچى بولۇپ، ئۆزى توپلىغان تەجرىبىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى يېتەكچىلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

نۆۋەتتە، ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، پۈتۈن كەنتتىكى مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئىشقا ئورۇنلاشتى، 50 نەچچە ئادەم ئۇششاق ئىگىلىك تىكلەش باغچىسى ۋە نامراتلارنى يۆلەش بازىرىغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلىدى، ئىشقا ئورۇنلاشتى ھەم ھەممىسى شۇ يىلى پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### باتۇرلۇق بىلەن يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇش

كەچلىك مەكتەپتىكى بىر قېتىملىق تەربىيەلەشتە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىنىشنىڭ كۈچى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى ئابدۇسالامنى يەنە بىر قېتىم ئويلاندۇرۇپ قويدى.

بۇ قېتىمقى كەشپىيات ئىلھامى گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىدىن كەلگەنىدى. ئابدۇسالام مۇنداق ئويلىدى: گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ھەم چىداملىق، ھەم كۆركەم، ھەم تازىلاش قولاي بولغان ھاجەتخانا ياساپ چىقىپ، يۇرتداشلارنى ئاز پۇل خەجلەتكەن، شۇنداقلا تۇرمۇشتىن تېخىمۇ ياخشى بەھرىلەندۈرەلىگەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئابدۇسالام چاسا پولات + رەڭلىك پولات قۇرۇلمىلىق ئاسان تازىلىغىلى بولىدىغان ھاجەتخانىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بىراقلا نەچچە يۈزنى سېتىپ چىقاردى.

ئارقىدىن ئابدۇسالام يەنە ياڭاقنى ماشىنىدا ئۈزۈش ئۈسكۈنىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. بىر ئايدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، يېڭى ياڭاق ئۈزۈش ماشىنىسى بارلىققا كەلدى، ئۇنى كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورغا چېتىش قولاي، ئۈزۈش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، تېزلا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

تەرەققىياتنى كۆزلەپ بېيىش جەريانىدا، ئابدۇسالامنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ خوتۇنى بىلەن بىرلىكتە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا رەسمىي يوسۇندا تاپشۇردى. «مېنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىشىم پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولدى. مەن بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئابدۇسالام.

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا «تەپتىشلەر خىسلىتى»نى نامايان قىلىش

### ـــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى لۇڭ خۈي توغرىسىدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان لۇڭ خۈي ھەم ھاياجانلاندى، ھەم پەخىرلەندى، بىڭتۇەن تەپتىش سىستېمىسىنىڭ بىر كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە لىيەندە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان، يۇرتداشلارنى بېيىشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا «تەپتىشلەر خىسلىتى»نى نامايان قىلغاندى.

2018 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 3 - شى 51 - تۇەن 9 - لىيەندە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1 - شۇجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لۇڭ خۈي لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىنى يېتەكلەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى، مۇقىملىقنى قوغداشنى ئىلگىرى سۈردى، ئاممىغا خىزمەتنى ئىلگىرى سۈردى، لىيەندۈينىڭ گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈردى.

2020 - يىلى، پۈتۈن لىيەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسى يېڭىدىن سېلىنغان ئەمەن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

### ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىكى «باشلامچى ياۋا غاز» بولۇش

9 - لىيەنگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، لۇڭ خۈي پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرىنچى ۋەزىپە قىلىپ، ئاممىنى پۈتۈن تۇەندىكى مەسئۇلىيەتچان، بىلىملىك، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان ياشلارنى ئىش ئورنىغا كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

خىزمەت ئەترىتى لىيەن «ئىككى كومىتېت»نى قولمۇقول «ئۆگىتىپ، ياردەم بېرىپ، يېتەكلەپ»، بىر قاتار خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. لۇڭ خۈي بېيىش ماھىرلىرى، مەدەنىيەت ئەترىتى ئەزالىرى قاتارلىق كىشىلەر توپىدىكى مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياشلارنى تەربىيەلەش، كۆزىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئىككى يىلدىن بۇيان، پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدىن 87 پارچىنى تاپشۇرۇۋالدى، پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپلىرىدىن 20نى تەربىيەلىدى، پارتىيە ئەزاسىدىن ئالتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 9 - لىيەندە ئاممىۋى پائالىيەتلەر جانلىق قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن ئاممىنىڭ قەلبى بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ئاممىنىڭ لىيەن «ئىككى كومىتېت»تىن رازى بولۇش دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆستى، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئاشتى.

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ياخشى «يۆلەنچۈك» بولۇش

لۇڭ خۈي ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتتى. 2018 - يىلى 3 - ئايدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، ئابدۇرېھىم مەمەت 51 - تۇەندىكى تۇنجى ئەمگەك مۇلازىمىتى شىركىتىنى روييخەتكە ئالدۇرۇپ قۇرۇپ، شۇ يىلىلا 422 ئادەم قېتىم سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقاردى.

لۇڭ خۈي يەنە يېشى چوڭراق ياكى مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا قانداق ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى. 2018 - يىلى 10 - ئايدا، لۇڭ خۈي بىر شىركەتنىڭ 51 - تۇەندىكى نامراتلارنى يۆلىمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئالاقىلەشتى. شىركەت 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، 15 نامرات ئائىلىگە كۆپ تۆللەيدىغان ساغلىقتىن 150نى ئېلىپ بەردى.

ھازىرغىچە، 233 قوزا تۇغۇلۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئائىلە بېشىغا 16 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

2019 - يىلى 8 - ئايدا، خىزمەت ئەترىتى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ كوللېكتىپ ئىگىلىككە پاي قوشۇپ، جيۇجيۇ دېھقانلار كەسپىي باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدىكى كۈندە يىغىۋالىدىغان تۇخۇم مىقدارىلا 1500 كىلوگرامغا يەتتى.

9 - لىيەننىڭ يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇپ، يەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېرىقچىلىقتىن ئېرىشكەن پايدىسى بىرقەدەر ئاز ئىدى. خىزمەت ئەترىتى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، نەق مەيداندا تەدبىر بەلگىلىدى. پارتىيە ياچېيكىسى 9 - لىيەندە ئۆرۈك، ئالۇچا دەرىخىنىڭ ئارىسىغا سەبدەرگۈلنى سىناق تەرىقىسىدە كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

لۇڭ خۈي لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن بىللە، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس، باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىش، ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، 9 - لىيەننىڭ 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 12 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

### ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ سىردىشىغا ئايلىنىش

9 - لىيەنگە دەسلەپ كەلگەندە، لۇڭ خۈي بىر قىسىم ئاممىدا «ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيەسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقىدى. ئۇ بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە باغلىدى.

لۇڭ خۈينىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى رېھىم راخماننىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا ئىدى، دادىسى ئاغرىق بولغاچقا ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. لۇڭ خۈي ئۇنىڭغا: «ئەر - خوتۇن ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار داداڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، بىرىڭلار سىرتقا چىقىپ ئىشلىسەڭلار بولىدۇ، مەن سىلەرگە خىزمەت تېپىپ بېرىمەن» دېدى، يەنە ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى. رېھىم ئاخىر مائاشلىق بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىلغارغا ئايلاندى.

لۇڭ خۈي «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يۇلتۇزى»لىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئاممىا يىغىنىدا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە تەشكىللەپ، لىيەندۈيدە ئەمگەك ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى ياراتتى. نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەر ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆۋەن كاپالەت پۇلىنى ئەمدى ئالماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نامرات ئاھالە زورىگۈل تۇرسۇننىڭ ئېرى يىللاردىن بۇيان كېسەل سەۋەبلىك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولۇپ، مۇقىم كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. لۇڭ خۈي زورىگۈلگە ياردەملىشىپ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق تازىلىق خىزمىتىنى ئىلتىماس قىلىپ بەردى، نامراتلارنى يۆلەۋاتقان شىركەتمۇ ئۇنىڭغا بوغاز ساغلىقتىن ئونىنى ئېلىپ بەردى، ئىككىنچى يىلى بۇ ساغلىقلار ئون نەچچىنى قوزىلىدى. 2019 - يىلى، زورىگۈل ئائىلىسىدىكىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

لۇڭ خۈي 140 مىڭ يۈەن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ئىئانە پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 26 داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىغا ياردەم بەردى؛ خىزمەت ئەترىتىنى باشلاپ 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ ئۆستەڭ رېمونت قىلدى، يول چىرىغى ئورنىتىپ بەردى…

بۈگۈنكى كۈندە، 46 ياشلىق لۇڭ خۈي ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى، شۇ جايدىكى ئاممىا ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، قورغاسنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سۈپىسى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش، چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىمىز.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جيەنلۇڭ گۇچۇڭ ناھىيەسىدە لېكسىيە دوكلاتى بەردى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرى، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلار شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا سىن شەكلىدە لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىنى ئاڭلىدى.

گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى چيۇ زىبىن لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۈرلۈك تەربىيەلەش كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، يىغىن روھىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيەسىدە ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولىمەن».

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېركەش قورمانبېك بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە پارتىيەلىك كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلىدى. ئەتراپلىق، چوڭقۇر لېكسىيە، تەسىرلىك، جانلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈشتىن كەڭ كادىرلار، ئاممىا مول نەپكە ئېرىشتى.

بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك مەدەنىيەت - ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى نا يەن مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ‹شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش› توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. مەن ناھىيەمىزنىڭ بەخت مەدەنىيىتى، بېلىق مەدەنىيىتى، قىشلىق بېلىق تۇتۇش مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر قېزىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، يېزا - كەنت بىرىنچى سېپىگىچە، پۇقرالارنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە يەتكۈزىمەن».

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دىڭ شۆۋچىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىدە لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

يوپۇرغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مامۇت ئابدۇرېھىم «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش»نى بىۋاستە ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى دۆربىلجىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىگە كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلار، ئاممىغا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) دۇەن لياڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مول مىساللار ئارقىلىق كۆپچىلىككە لېكسىيە سۆزلىدى.

«لېكسىيەنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى روھلاندىم.» دۆربىلجىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى چۈەن خۇيخۇي مۇنداق دېدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، كېيىنكى قەدەمدە خىزمەت ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمەن، بىر تەرەپتىن، ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ، ياخشى تەييارلىق قىلىپ، كاللامغا، قەلبىمگە سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ قەلبلەرگە سىڭىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولىمەن.

**(مۇخبىر لياڭ لىخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار شيا چىڭ، گې يۈۋجۈن، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋېن بو، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ياڭ بونىڭ، خې لى، ليۇ شىنشىن، جۇاڭ شياۋپو، خو رەن، تاۋ جياڭخۇا)**